# جۇڭگوچە نامراتلار سانىنى ئازايتىش يولى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەزەرىيە جەۋھىرى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلاش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«بىز مەۋقەنى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، نامراتلار سانىنى ئازايتىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، بىر قاتار ئادەتتىن تاشقىرى سىياسەت، تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك سىياسەت سىستېمىسى، خىزمەت سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق، جۇڭگوچە نامراتلار سانىنى ئازايتىش يولىنى ئاچتۇق، جۇڭگوچە نامراتلىققا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسىنى شەكىللەندۈردۇق.» مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلاش - تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن مۇھىم تەجرىبىلىرىمىز ۋە تونۇشلىرىمىزنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، بۇ مۇھىم تەجرىبىلەر ۋە تونۇشلار دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەزەرىيە جەۋھىرى، ماركسىزمنىڭ نامراتلىققا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

نامراتلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى جاھىل كېسەل. نامراتلىققا قارشى تۇرۇش باشتىن - ئاخىر قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشتىكى بىر چوڭ ئىش بولۇپ كەلگەن. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 98 مىليون 990 مىڭ نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، 128 مىڭ نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق ھەل قىلىنىپ، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپە تاماملاندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىگە تاياندۇق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھىي پەزىلىتىگە تاياندۇق، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان توپلانغان پۇختا ماددىي ئاساسقا تاياندۇق، نۆۋەتمۇنۆۋەت ئىشلەيدىغان قەتئىيلىككە، چىڭ تۇرۇشقا تاياندۇق، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشىغا تاياندۇق.» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى كۈچلۈك نامايان قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «يارايدۇ»غانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن مۇھىم تەجرىبىلىرىمىز ۋە تونۇشلىرىمىزنى «يەتتىدە چىڭ تۇرۇش»قا يىغىنچاقلىدى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي ۋە تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدۇق؛ خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئورتاق بېيىش يولىدا ماڭدۇق؛ دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان سىياسىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئورتاق ئىرادە، ئورتاق ھەرىكەتنى شەكىللەندۈردۇق؛ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات چارىسى ئارقىلىق نامراتلىق مەنبەسىنى تۈگەتتۇق؛ كەڭ نامرات ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغاشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاتتۇق؛ بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان گۈزەل ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەت خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ نامراتلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان قويۇق كەيپىيات ياراتتۇق؛ راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، قىيىنغا تېگىشتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى ھەقىقىي يۆلەش، ھەقىقىي نامراتلارنى يۆلەش، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بۇ «يەتتىدە چىڭ تۇرۇش»نىڭ ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم، زور نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى مۇھىم، زور نەزەرىيەۋى يېتەكچى بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىش، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ، پۈتۈن دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھېچقانداق بىر دۆلەت بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەچچە يۈز مىليون كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان ئەمەس. بۇ بىر مەيدان داغدۇغىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەلق ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسى، پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، مىليونلىغان خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، يېڭى دەۋردە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىش ئىشەنچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مەۋقەنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، جاسارەت بىلەن يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشتا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن - ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرساقلا، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت ۋە خەتەر - توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرالايمىز! بىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىشلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ بېجىرىپ، يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلىسەكلا، چوقۇم ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىدا تېخىمۇ روشەن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولالايمىز! بىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭساقلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئوخشاش تېخىمۇ كۆپ چوڭ ئىش، قىيىن ئىشلارنى بېجىرىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ماڭالايمىز! بىز دەل جايىدا بولغان ئىلمىي ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا بولغان خىزمەت تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى تەرەققىيات چارىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرساقلا، چوقۇم ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىلمىي يول ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز! بىز باشتىن - ئاخىر خەلقنى كۆزلەش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنى ۋە باش ئىجادىيەتچىلىك روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچنى تولۇق ئۇرغۇتساقلا، چوقۇم كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۆجىزىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتالايمىز! بىز ئەخلاق ئىنتىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش، ياخشىلىققا ئىنتىلىش ئاكتىپ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتساقلا، چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىشى، چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىنى تۈگىمەس مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز! بىز ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرساقلا، چوقۇم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغۋار پىلانىنى قەدەممۇقەدەم رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمىز!

«ئىككى 100 يىل»نىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەك، چوقۇم يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تەدبىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسىپ قاتلىمىنى تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە ئېتىلىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى مۇھىم ئامىللار ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتىن يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشقا ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: قانۇن - بەلگىلىمە بويىچە يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىگە ئىگە، ئومۇمىي مەنپەئەت خاراكتېرلىك سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىيلەشكەن تۈرلەرنى قوللاش، مۇكاپاتلاش؛ پۇل مۇئامىلە تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى مۇلازىمەت ئىدىيەسىدە يەنىمۇ يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلەش؛ يەر ئىشلىتىش سىياسەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلەرگە يەر ئىشلىتىش ۋە پىلانلاش، تەستىقلاش ئۈنۈمىنى تېزلىتىپ، «ئۆلچەملىك جاي» ئۆتۈنۈپ بېرىش سىياسىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش؛ ئىختىساسلىقلار تىرىكىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە قوللاش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسپىي ماھارىتى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرلىرى ئۈچۈن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى زاپاس تەييارلاش كېرەك. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش پىكىر يولى، ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، كەسىپ زەنجىرىدە سودىگەر چاقىرىشنى يولغا قويۇپ، باغچە رايوننىڭ سودىگەر چاقىرىش ساھەسىدە دادىل يېڭىلىق يارىتىشى، ئالدىن يولغا قويۇشى، ئالدىن سىناق قىلىشىنى قوللاپ، شىنجاڭغا كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش ھەمكارلىقىنى ئەمەلىي ئالغا سىلجىتىپ، چېگرا سىرتىدا سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كۆرگەزمە بىلەن يىغىندىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر، ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، كەسىپلەرنىڭ توپلىنىش ئېففېكتىنى ئاشۇرۇپ، مۇھىم تۈگۈن شەھەرلەر ئارا كەسىپكە سودىگەر چاقىرىش تۈرلىرىنى رايون ھالقىپ ئوبوروت قىلىش ۋە مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش مېخانىزمى قاتارلىقلارنى ئورنىتىشنى سىناپ بېقىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، ئادىل رىقابەت مۇھىتى بەرپا قىلىش؛ ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ لەۋزىدە تۇرۇش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ كارخانىلارغا ئالاقىدار تۈرلۈك مۇلازىمەت، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمىنى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۈنۈملۈك قوغداش؛ كارخانىلارغا چېتىشلىق تۈرلۈك تەكشۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش شەكلىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇ يىلى گۈلسۇمخان 43 ياشتا ئىدى. «ئىلگىرى ئۆيىمىز قوملۇقتا ئىدى، ئۆي يۇلغۇن شاخلىرى ياكى قومۇش بىلەن ئادەتتىلا ئېتىلگەن، نېپىز لاي بىلەن سۇۋالغان ‹قوشام تاملىق ئۆي› ئىدى.» ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە، گۈلسۇمخاننىڭ ئېغىزى پۈرۈشۈپ، چىرايىدا ئازاب ئەكس ئەتتى، «شامال چىققاندا ئۆيگە قۇم كىرىپ كېتەتتى، يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق بولۇپ، نۇرغۇن جاپالارنى چەككەندۇق».

كۆچۈشتىن بۇرۇن، دەريا بويى كەنتى خوتەن ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 250 كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، 300 نەچچە ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى بار ئىدى. ھەر يىلى ئۇ يەردە يېرىم يىلدىن ئارتۇق قۇم - بوران چىقاتتى، يەر ئۈنۈمسىز، ھوسۇل تۆۋەن، خەۋەرلىشىش سىگنالى يوق، توك كەمچىل ئىدى...كۆپ قىسىم كەنت ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى نامراتلىق سىزىقىنىڭ تۆۋىنىدە ئىدى.

2017 - يىلى ۋە 2019 - يىلى دەريا بويى كەنتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى نۆۋەت كۆچۈرۈلدى، بارلىق كەنت ئاھالىسى ناھىيە بازىرىغا 91 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈرۈلدى. پاكىز كوچىلار، قاتار - قاتار يېڭى ئۆيلەر، ئۆي ئىچىدە سۇ، توك، پار تولۇق بولۇپ، غايەت زور ئۆزگىرىش گويا بىر كېچىدىلا يۈزبەرگەندەك ئىدى.

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش كۆچۈرۈلگەن ئاممىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشنى ئويغاتتى. ئۇلار ئاستا - ئاستا يېڭى مۇھىتقا سىڭىپ كىردى، تۇرىدىغان جايى بولۇش، خۇشال - خۇرام تۇرالايدىغان بولۇش ئىشقا ئاشتى.

ھاۋانىڭ تەدرىجىي ئىللىشىغا ئەگىشىپ، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى سىلۇجيايۈەن ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى 78 ياشلىق ئابدۇبېك مەمەت يەنە ھەر كۈندىكى ئەڭ راھەت ۋاقتىنى كۈتۈۋالدى — ئولتۇراق رايون مەيدانىدا ئولتۇرۇپ، مۇڭلۇق قومۇز ئاۋازىغا جور بولۇپ، ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلىرىنى غىڭشىپ ئېيتتى. ئۇ يەنە پات - پات ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتىكى چېنىقىش ئۈسكۈنىلىرى رايونىغا بېرىپ ھەرىكەت قىلدى.

«ئىلگىرى تاغدا تۇرغاندا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانىدىم. ھازىر تۇرالغۇ مۇھىتىمىز ياخشىلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىدە داۋالىنىپ كۈتۈنگەچكە پۇتۇم خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى.» ئابدۇبېك خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ئاخىرقى ئۆمرۈمدە شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى پۇقرالارنىڭ قەلبىنى ھەقىقەتەن ئىللىتتى».

### «كۆچۈرۈلگەن ئاھالە»دىن «كۆچۈرۈلۈپ بېيىغۇچى»غىچە

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ھەرگىزمۇ كۆچۈرۈش بىلەنلا تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس. تەدرىجىي بېيىش كۆچۈپ چىقىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، شۇنداقلا مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇشنىڭ ئاساسى.

2019 - يىلى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى — قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش بازىرى باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن ئاممىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، يېقىن ئەتراپتىكى چۆل - باياۋاندا 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، 500 ئۆلچەملىك پارنىك ياسىدى.

يەنە دەل شۇ يىلى، كوئېنلۇن تاغلىق رايونىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن مەمەت دۆلەت ئائىلىسى «كۆچۈرۈلگەن ئاھالە»دىن «كۆچۈرۈلۈپ بېيىغۇچى»غىچە بولغان ئۆزگىرىشنى باشلىدى.

«تاغدا يېشىل كۆكتات ئۆستۈرۈپ باقمىغانىدۇق، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى تېز ئىگىلىشىمىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بازار باغۋەنچىلىك، كۆكتات تېرىش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كۆپچىلىكنى ھەقسىز تەربىيەلەپلا قالماي، يەنە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنىڭ پارنىك ھۆددە ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى.» مەمەت مۇنداق دېدى: بۇلتۇر ئائىلىمىزنىڭ پارنىكىدا لازا، شوخلا قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىدۇق، باشقا كىرىملەر قوشۇلۇپ، بىر يىلدا 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدۇق.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇشى»غا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاقتاش بازىرى يەنە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق، پەلەي، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ، بازاردىكى كەسىپلەر باغچە رايونىغا ماكانلاشتۇرۇپ، 1000دىن ئارتۇق كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

«ھەر ئايدا مۇقىم مائاشىم بار، تۇرمۇشۇم كاپالەتكە ئىگە بولدى، مەنىلىك ھەم خاتىرجەم ئۆتۈۋاتىمەن» دېدى كەسىپلەر باغچە رايونىدا ئىشلەيدىغان بۇھەجەر ھەمدۇللا.

بۇ يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاقتاش بازىرىدىكىلەرنىڭ يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 2018 - يىلى كۆچۈرۈلۈشتىن ئىلگىرىكى 3000 يۈەندىن كۆپرەكتىن ئېشىپ ھازىرقى 9000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

ھازىر، شىنجاڭنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كۆچۈرۈلگەن ئاممىنى داۋاملاشما يۆلەشكە يۆتكەلدى. ھەرقايسى جايلار ئاپتونوم رايوننىڭ «2020 - يىلى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە سىياسەت، تەدبىر» «نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، داۋاملاشما يۆلەش خىزمىتىنى زورايتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىق سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھازىر بار بولغان نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى «كېيىنكى باسقۇچتىكى خىزمەتلەر»نى ياخشى ئىشلىدى.

### «ئاغرىپ قېلىشتىن قورقۇش»تىن كۆڭلى ئەمىن تېپىشقىچە

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتە، كۆچۈرۈلىدىغىنى ئائىلە، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلەر قەلبى.

سادىق تىلىۋالدى ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى چارۋىچى بولۇپ، ئىلگىرى تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇراتتى.

«ئۇ چاغدا ئەڭ قورقىدىغىنىم ئاغرىپ قېلىش ئىدى. تاغ يولى ئەگرى - توقاي بولۇپ، يېزىلىق شىپاخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن 50 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە، يەنە داۋاندىن ھالقىشقا توغرا كېلەتتى، بېرىپ - كېلىشكە بىر كۈن ۋاقىت كېتەتتى. مەجبۇرىي بولمىسىمۇ يەنە يول يۈرمىسەم بولمايتتى، قانچىلىك بىئارام بولىدىغانلىقىمنى دېمەيلا قوياي.» سادىق مۇنداق دېدى: كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، سىلۇجيايۈەن ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسىگە ئايلاندىم، بۇ يەردە ئۇنىۋېرسال پائالىيەت مەركىزى، دوختۇرخانا، يەسلى قاتارلىق يانداش تۈرلەر مۇكەممەل بولۇپ، ئىلگىرى بېجىرىش ئىنتايىن قىيىن بولغان ئىشلارنى بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا ئولتۇراق رايوندىن چىقمايمۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغان بولدى.

«تاغدىن كۆچۈپ چىقىپ ‹جىيايۈەن›گە ماكانلىشىپ، بەخت كۆرسەتكۈچۈم قەدەممۇقەدەم ئاشتى.» سادىق كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىساق، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭساق ھەرگىز خاتالاشمايمىز، تېخىمۇ ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا!»

يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، يېڭى تۇرمۇش باشلاندى. كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئېشىپلا قالماي، يەنە ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرىمۇ تەلتۆكۈس ئۆزگەردى.

يېڭى ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، بۇھەجەرنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى، بالىلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغىنى بولدى، «ياندىش قۇرۇلغان يەسلى ۋە مەكتەپنىڭ قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولۇپ، شەھەرنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بالام بۇ يەردە ئوقۇسا، خاتىرجەم بولىمەن» دېدى ئۇ.

بۇھەجەرنىڭ قەلبىدە، ھۆكۈمەت بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تاغدىن چىقىشىغا ياردەم بەردى، مەكتەپ بولسا بالىلارنىڭ ئارزۇسىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئەۋلادلارنى تېخىمۇ يىراققا ئاتلاندۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«لايىھە»دە تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. 2021 - يىلدىن 2022 - يىلغىچە ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇشنى باشلاش باسقۇچى بولۇپ، دۆلەت ئېلان قىلغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان تۇنجى تۈركۈمدىكى تۆت كۆمۈركان قۇرۇلۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كۆمۈركانلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، 2022 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كۆمۈركاندىن 15تىن كۆپرەكى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

2023 - يىلدىن 2025 - يىلغىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش باسقۇچى بولۇپ، 2023 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆمۈركانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان كۆمۈر قېزىش مەھسۇلات مىقدارى %70تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ. 2025 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆمۈركانلاردا ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىدۇ. بىخەتەر ئەمەلىي خەۋەرلىشىش ھەم يەر ئاستىدىكى ئورۇننى دەل جايىدا بەلگىلەش مۇلازىمىتى، كان يوللىرىنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېز سۈرئەتتە قېزىش، قېزىش خىزمەت كۆلىمىنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماسلاشتۇرۇپ كونترول قىلىش، كۆمۈر ئوبوروتى ھەم قوشۇمچە توشۇش، ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش، كۆمۈرنى يۇيۇش - تاللاش، كۆمۈركان زاۋۇت رايونى ھەم يېشىل ئېكولوگىيەلىك ئەقلىي ئىقتىدار سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ كۆمۈركانلاردىكى نۇقتىلىق ئىش ئورنىدا ماشىنا ئادەم مەشغۇلات قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، مۇھىم ھالقا، خەتىرى يۇقىرى ئىش تەرتىپىدە ئادەمسىز مەشغۇلات قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ مۇكەممەل، يۈرۈشلەشكەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان كۆمۈركانلار قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

2026 - يىلدىن 2030 - يىلغىچە مۇستەھكەملەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش باسقۇچى. 2030 - يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆمۈركانلار بارلىق ئۇچۇرلارنى دەل جايىدا، مۇۋاپىق پەيتتە توپلاش، يۇقىرى ئىشەنچلىك تورلاشتۇرۇپ توشۇش، قېلىپلاشقان ئۇچۇرلارنى توپلاش، ئەمەلىي ۋاقىتتا كۆرۈنمە ھالەتتە نامايان قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى ئاپتوماتىك يۈرۈشتۈرۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كۆپ كەسىپ زەنجىرى، كۆپ سىستېما توپلانغان كۆمۈركان ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سېزىدىغان، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەدبىر بەلگىلەيدىغان، ئاپتوماتىك ئىجرا قىلىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان كۆمۈركان سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

2035 - يىلغا بارغاندا، ئەقلىي ئىقتىدارلىق كۆمۈركانلارنى تىرەك قىلغان كۆمۈر سانائىتى سىستېمىسى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىلىپ، تۈرلۈك كۆمۈركانلاردا ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.